| | | |
|---|---|---|
| ئورۇن كېلىش | -دا/ - دە/ - تە/ - تا | ئۆيدە، بازاردا، ياتاقتا، كوچىدا |
| چىقىش كېلىش | -دىن/ - تىن | ئۆيدىن، بازاردىن، ياتاقتىن، كوچىدىن |
| ئورۇن - بەلگە كېلىش | - دىكى/ - تىكى | ئۆيدىكى، بازاردىكى، ياتاقتىكى، كوچىدىكى |
| چەك كېلىش | -غىچە/- قىچە/ ، - كىچە/- گىچە | ئۆيگىچە،بازارغىچە، ياتاققىچە، كوچىغىچە |
| ئو خشا تما كېلىش | - دەك/ - تەك | ئۆيدەك، بازاردەك، ياتاقتەك، كوچىدەك |
| تە ئڭلە شتۈ ر مە كېلىش | - چىلىك/(چە) | ئۆ يچىلىك ، با ز ر چىلىك ، يا تا قچىلىك ، كوچىچىلىك |

كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقىغا ئاساسەن ئۇلىنىدۇ.

**5- باش كېلىش**

باش كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى يوق. باش كېلىش شەكىل جەھەتتىن ئىسىمنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

باش كېلىشتە ئىسىم كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار كىم ؟ كىملەر ؟ نېمە ؟ نېمىلەر ؟ قەيەر؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. باش كېلىشتىكى ئىسىم تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەكىلدە كېلىپ ئىگە رولىنى ئوينايدۇ.

1) ھېچقانداق قوشۇمچىسىز كېلىدۇ. مەسىلەن :

قەشقەر ياخشى ماكان.
ياغلىق ئىشكابتا.
ئوقۇغۇچى – ئۆگەنگۈچى، بىلىم ئالغۇچى.

2) ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن :

ئوقۇتقۇچىلار قىممەتلىك ئىنسانلاردۇر.
شەھەرنىڭ كەڭ، ئازادە كوچىلىرىنى ئىشچىلار ياسىدى.
دېھقانلار بۇ يىل مول ھوسۇل ئالالمىدى.

3) ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن :

خەلقىمىز ـ ئەمگەكچان، باتۇر خەلق.
يۇرتىمىزنىڭ تەبئىي بايلىقى مول.

**6- ئورۇن – پەيت كېلىش**

ئورۇن – پەيت كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش – ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى، پەيتىنى ۋە بىرەر نەرسىنىڭ كىمدە، نېمىدە، قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئورۇن – پەيت كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى « - دا، - تا، -دە، -تە» دىن ئىبارەت. ئورۇن پەيت- كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار كىمدە ؟ نېمىدە ؟ قەيەردە ؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇلار ھازىر ياتاقتا.
② ئۈرۈمچى يازدا ياخشى.

ئورۇن – پەيت كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن ياكى ئاخىرى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىم ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا ياكى ئوچۇق بوغۇملۇقلىرىغا «-دا» ؛ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا «- تا» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن :

يول – يولدا، قۇش – قۇشتا، بازار – بازاردا، زاۋۇت – زاۋۇتتا، يېزا- يېزىدا، ئائىلە – ئائىلىدە.

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن ئىسىم ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا ياكى ئوچۇق بوغۇملىرىغا «-دە»، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا «-تە» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن :

ئائىلە – ئائىلىدە، مەكتەپ – مەكتەپتە، ۋەتەن – ۋەتەندە، شەھەر – شەھەردە، مەكتەپ - مەكتەپتە.

« سەن »، « مەن » قاتارلىق ئالماشلارنى ئورۇن – پەيت كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىگىلى بولىدۇ، مەسىلەن: مەندە، سەندە، بىراق « ئۇ »، « بۇ » ئالماشلىرىنى تۈرلىگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭدا، بۇنىڭدا، دېگىلى بولمايدۇ.

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەر**

ماڭا ئەگىشىپ ئوقۇڭلار.
ئاستاراق، ئېنىقراق، ئوقۇڭلار.
ئەگەش-
ئاستاراق
ئېنىقراق

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندە بېرىلگەن ئىسىملارنى ئورۇن – پەيت كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| كىتاب | ئوقۇغۇچى | تام |
| كىم | سىز | لۇغەت |
| شەھەر | پېداگوگ | تارباغاتاي |
| پايتەخت | زاۋۇت | كۈتكۈچى |
| بۇ | يۇرت | بىز |
| قەيەر | ئورۇندۇق | سەن |
| دەرس | ئېرىق | تەنقىد |

2- تۆۋەندە بېرىلگەن ئىسىملارنى ئالدىدا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ، ئارقىدىن ئورۇن – پەيت قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| كىتاب | ئوقۇغۇچى | تام |
| كىم | سىز | لۇغەت |
| شەھەر | پېداگوگ | تارباغاتاي |
| پايتەخت | زاۋۇت | كۈتكۈچى |
| بۇ | يۇرت | بىز |
| قەيەر | ئورۇندۇق | سەن |
| دەرس | ئېرىق | تەنقىد |